100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇسابىقە ئاتلىنىش

# بىر تور پاختا . گۇتيەن يىغىنى . پارتىيە قۇرۇلۇشى مەخپىي شىفىرى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى\ گۇ چيەنجياڭ، چېن خۇڭيى

بۇ بىر قارامتۇل كۆل رەڭ بولۇپ كەتكەن تور پاختا بولۇپ، گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيىنىڭ ئىككىنچى كۆرگەزمىخانىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيتتى.

«لېكىن مۇشۇ كونىراپ كەتكەن تور پاختىنىڭ كەينىدە بىر جانلىق ھېكايە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسەت مەخپىي شىفىرى مۇجەسسەملەنگەن.» گۇتيەن يىغىنى خاتىرە سارىيىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى لياۋ لىيۇن ئۆتكەن ئىشلارنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بايان قىلدى:

ۋاقىت 1929 - يىلىدىكى باش قىشقا قايتۇرۇلدى، ماۋ زېدۇڭ غەربىي فۇجيەن ئالاھىدە كومىتېتى تۇرۇشلۇق گۇتيەن سۇجياپوغا كېلىپ، غەربىي فۇجيەن قىزىل رايونىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى.

بىر كۈنى كېچىدە، ئۇ پانار چىراغىنى كۆتۈرۈپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى ئىگىلىدى. ھەربىي ئاشپەز ياڭ دۇڭدۇڭنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى يېنىق، ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ماۋ زېدۇڭ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتى.

تاغلىق رايوندا قىش كېچىسىنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ماۋ زېدۇڭ ياڭ دۇڭدۇڭنىڭ كارىۋىتىغا نېپىز بىر قەۋەت شال پاخلى سېلىنغانلىقى، ئېتىزدا ئىش قىلغاندا يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پالما دەرىخى تالاسىدىن توقۇلغان تىتىلىپ كەتكەن يېپىنچىنى يېپىنىپ ياتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا: يەڭگە، يېشىڭىز چوڭىيىپ قاپتۇ، ھاۋا شۇنچە سوغۇق تۇرسا، مۇشۇ يېپىنچىنى يېپىنىپ ياتسىڭىز بولامدۇ؟ دەپ سورىدى.

ياڭ دۇڭدۇڭ كۈلۈپ قويۇپ: چىدىۋەتسەملا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېدى.

ماۋ زېدۇڭ يەنە: «قوزغىلاڭدا سىزگە يوتقان تەقسىم قىلىنمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى.

ياڭ دۇڭدۇڭ دەرھال: تەقسىم قىلىندى، ئوغلۇم قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىگە ئەگىشىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى ماڭغاندا مەن يوتقاننى ئۇنىڭغا بەردىم، دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ماۋ زېدۇڭ ناھايىتى تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: يەڭگە، ھازىر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز يەنىلا ناھايىتى جاپالىق، لېكىن سىلەر قىزىل ئارمىيەگە شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلىۋاتىسىلەر، بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىز چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ!

سۆزىنى تۈگىتىپلا، ماۋ زېدۇڭ دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا كېلىپ، كارىۋىتىدىكى بار - يوق بىر پارچە يۇڭ ئەدىيالنى ئېلىپ، يەنە ياڭ دۇڭدۇڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يۇڭ ئەدىيالنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يۇڭ ئەدىيال ھېلىقى يېپىنچىدىن ئىسسىقراق، ھاۋا سوۋۇپ قالدى، سالامەتلىكنى ئاسراش مۇھىم!

ياڭ دۇڭدۇڭ تەسىرلەنگىنىدىن ياش تۆكتى.

غەربىي فۇجيەن ئالاھىدە كومىتېتىدىكى يولداشلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ تېخى كېسەلدىن ساقايمىغانلىقىنى ئويلىشىپ، ئۇنىڭغا بىر يېڭى تور پاختا ئېلىپ بەردى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ماۋ زېدۇڭ سۇجياپودىن ئايرىلىپ، قىزىل 4 - ئارمىيەگە قايتىپ ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن تور پاختىنى غەربىي فۇجيەن ئالاھىدە كومىتېتىغا قالدۇرۇپ قويدى.

بۇ تور پاختا ھازىرغىچە ساقلانماقتا، كونا نەرسە سۆزلىيەلمىسىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان سەممىي ھېسسىياتىغا گۇۋاھ بولۇپ، پارتىيەنىڭ خەلقنى كۆزلەش ئەسلى مەقسىتىنى نامايان قىلىپ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى تەسىرلەندۈردى.

بۇ تور پاختىنىڭ ھېكايىسى 1929 - يىلى يۈز بەرگەن. شۇ چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئەمدىلا سەككىز يىل بولغان، ئارمىيە قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان بولۇپ، تېخى گۆدەك مەزگىلدە ئىدى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىۋاتاتتى.

«ئەينى ۋاقىتتا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ كېڭىيىشى، زورىيىشىغا ئەگىشىپ، قىزىل ئارمىيە ئارىسىدا ھەربىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىيغا سەل قاراش، باندىتلىق ئىدىيەسى ۋە مىلىتارىزم قاتارلىق غەيرىي پرولېتارىيات ئىدىيەسى پەيدا بولۇپ، تازىلاش ۋە تەرتىپكە سېلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى» دېدى گۇتيەن كادىرلار شۆيۈەنىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى زېڭ خەنخۇي.

ماۋ زېدۇڭ سۇجياپودىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. مانا بۇ 1929 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى غەربىي فۇجيەندىكى گۇتيەندە ئېچىلغان قىزىل 4 - ئارمىيەنىڭ 9 - قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى، يەنى تارىخ بېتىدە نۇر چاقنىغان گۇتيەن يىغىنى ئىدى.

گۇتيەن يىغىنى پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيەسى قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشى — پرولېتارىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيەسى ۋە خەلق ئارمىيەسىنى قۇرۇشنى، يەنى «ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە قۇرۇش، سىياسىي جەھەتتە ئارمىيە قۇرۇش»نى كۆرسىتىپ بەردى.

«گۇتيەن يىغىنىدا پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ ‹كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش›تىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىگە جاۋاب بېرىلدى» دېدى زېڭ خەنخۇي. ئۇنىڭ قارىشىچە، ماۋ زېدۇڭ ئەينى يىلى ئاممىغا سوۋغا قىلغان يۇڭ ئەدىيال مۇھىت قانچە جاپالىق بولغانسېرى پارتىيەنىڭ ئاممىغا شۇنچە رىشتە باغلايدىغانلىقى، ئاممىغا شۇنچە تايىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

كونا ئىنقىلابىي رايونلار، سوۋېت رايونلىرى فۇجيەننىڭ ئاساسىي ئۆلكە ئەھۋالىنىڭ بىرى، 2012 - يىلى بېكىتىلگەن ئۆلكە دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى 23 نۇقتىلىق ناھىيەنىڭ ھەممىسى كونا ئىنقىلابىي رايوندىكى ناھىيەلەر. ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتا، قاتناش شارائىتى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ جايلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغانىدى.

«كونا ئىنقىلابىي رايونلار، سوۋېت رايونلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە بىرىنچىمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك»، بۇ تەنتەنىلىك ۋەدە ئۈچۈن، فۇجيەن ئۆلكىسى كونا ئىنقىلابىي رايونلار، سوۋېت رايونلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

گۇتيەن بازىرى ۋۇدى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ ياڭخۇي ئىلگىرى «كىشىلەر ۋۇدىدىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالامسىمۇ، ۋۇدىدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دېگەن قوشاق بىلەن تەسۋىرلىنىدىغان يۇرتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى.

قىزىل ساياھەت بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ۋۇدى شىركەتلەرنى كىرگۈزۈپ «قىزىل ئارمىيە كىچىك بازىرى»نى قۇرۇپ، ئۇنى گۇتيەننىڭ قىزىل تەربىيە ھەم قىزىل ساياھەتچىلىكنىڭ مۇھىم كېڭەيتىش تۈرىگە ئايلاندۇردى، بۇلتۇرلا 23 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولدى.

گۇتيەن بازىرىنىڭ بازار باشلىقى خۇا جۈەن مۇنداق دېدى: بۇلتۇر دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇ مەزگىلىدە 100 مىڭغا يېقىن ساياھەتچى قىزىل گۇتيەنگە كېلىپ «داكا» قىلدى. بۇلتۇر پۈتۈن بىر يىلدا 3 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتىۋالدۇق، سىرتقا قارىتا 1062 سىنىپ قېتىمدا 98 مىڭ ئادەم قېتىم تەربىيەلەشنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ساياھەت ئۇنىۋېرسال كىرىمى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۈگۈنكى غەربىي فۇجيەندىكى شاڭخاڭ گۇتيەننىڭ ساپ ھاۋاسى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، تاغدىكى ئورمانلار بۈك - باراقسان بولۇپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تېگىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ياخشى ئېكولوگىيە يېڭى تەرەققىيات ئېلىپ كەلدى.

گۇتيەندە كۆپ يىل خاس دېھقانچىلىق مەيدانى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان شۇ گوفېڭ مۇنداق دېدى: «گۇتيەننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ياخشى، تېرىلغان كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، پاكىز، بۇلغانمىغان، باھاسى ئادەتتىكى بازار باھاسىدىن تەخمىنەن 50% يۇقىرى».

2020 - يىلى، فۇجيەندىكى كونا ئىنقىلابىي رايونلار، سوۋېت رايونلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 452 مىڭ نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، كونا ئىنقىلابىي رايونلار، سوۋېت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆپ يىل پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولدى.

تاغ - دەريالار ئارىسىدا، گۇتيەن يىغىنى ئېچىلغان ئاق تام، قارا كاھىشلىق كونا جايىنىڭ قىياپىتى ئىلگىرىكىدەكلا بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلاتتى. يولدا ئەينى يىللاردا يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئوت قالاپ سوغۇقتىن دالدىلانغانلىق ئىزىنى كۆرگىلى بولاتتى، 92 يىل ئىلگىرىكى قىش كۈنلىرىدە، گۇتيەن يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر خۇددى مەشتىكى ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش ئالغا ئىلگىرىلەش ئۇزاق يولىنى يورۇتقانىدى.

«بىر تور پاختا توغرىسىدىكى ھېكايىنى قايتا ئەسلىگەندە، بۈگۈنكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ: مەيلى قانچىلىك يىراققا ماڭايلى، نېمە ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.» پارتىيە تارىخى ئالىمى فۇ چىشىڭ مۇنداق دېدى: «پەقەت خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلىغاندىلا، پارتىيە ئاندىن خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاۋىياتسىيە ئالەم قاتنىشى سانائىتى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك كەسپى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى. خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش سودىگىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ جۇڭخې ئەسلى قوشۇمچە ماتېرىيال، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى، جەريان پارامېتىرى، ھۈنەر - سەنئەت ئۇسكۇنىسى، مەھسۇلاتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە ئىقتىدار كۆرسەتكۈچى قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردا ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىدى، نەپىس ئاليۇمىن ۋە قېتىشما مەھسۇلاتلارنىڭ ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ئارىلاشما ئېلېمېنتى تۆۋەن، سۈپىتى ئۇزاققىچە مۇقىم، بىردەك بولغاچقا، جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا سانائىتى گۇرۇھى ۋە جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىشەنچىسىگە چوڭقۇر ئېرىشتى.

ھازىر، شىنجاڭ جۇڭخې جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا گۇرۇھىنى زىقچە، نۆكچە، تاياقچە، سىم يۇرۇشلۇك يۇقىرى ساپلىقتىكى مەھسۇلاتلار ۋە يۇقىرى ساپلىقتىكى ئاليۇمىن ئاساس قىلىنغان ئارىلىق قېتىشمىلار بىلەن مۇقىم تەمىنلەيدۇ. جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكا گۇرۇھى يەنە شىنجاڭ جۇڭخې بىلەن چوڭقۇر ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئاليۇمىن ئاساس قىلىنغان يېڭى ماتېرىيالنى تەتقىق قىلىپ ياساش تېخنىكىسىغا تايىنىپ، قول تۇتۇشۇپ قاتتىق، چىدامىلىق ئاليۇمىن قېتىشمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، كەلگۈسىدىكى ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى قاندۇرىدۇ.

شۇ كۈنى، مۇخبىر شىنجاڭ جۇڭخې قېتىشما ماتېرىيال شىركىتىنىڭ پروكاتلاش سېخىغا كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىنىڭ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنلىكىنى، ئاپتوماتىك ئارقا - ئارقىدىن قۇيۇش، ئارقا - ئارقىدىن پروكاتلاش ماشىنىسىنىڭ توختىماي ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، ئاقما لىنىيەدە 8030C ئاليۇمىن قېتىشمىسى مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ ئۈزۈلمەي ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. زاۋۇت بىناسىنىڭ سىرتىدا، توشۇشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەشيا ئوبوروتى ئاپتوموبىللىرى قاتار تىزىلغانىدى...

«بىز مەھسۇلات سۈپىتىنى باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇق. بۇ يىل پروكاتلاش سېخىنىڭ كىچىك نىشانى 8030C ئاليۇمىن قېتىشمىسى مەھسۇلاتىدا نۇقسان كۆرۈلمەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، قاتتىق سۈپەت ئۆلچىمى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك زاكازلارنى قولغا كەلتۈرۈش!» دېدى قېتىشما ماتېرىياللار شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى يىن جى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇخبىرغا تونۇشتۇرۇپ.

بۇلتۇر، شىنجاڭ جۇڭخې يېڭى ئاساسىي قۇرۇلۇش، 5G تېخنىكىسى قاتارلىق ساھەلەرنى پائال ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى ئاليۇمىن قېتىشمىسى مەھسۇلاتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاچتى. ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئاچقان 8030C ئاليۇمىن قېتىشمىسى مەھسۇلاتى ئاليۇمىن قېتىشمىلىق ئەشمە سىم كابېل ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاچقۇچلۇق خام ماتېرىيال بولۇپ، ئېگىلىشچانلىقى ياخشى بولۇش، يۇمشاق بولۇش، چىرىتىشكە چىدامىلىق بولۇش، لۆمۈلدەپ ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش ھەمدە ئېلېكتروستاتىك دالدىلاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان، ئۇزاق ۋاقىت نورمىدىن ئارتۇق توك يەتكۈزگەن ۋە زىيادە قىزىپ كەتكەن ئەھۋالدا كابېلنىڭ ئۈزۈلۈكسىز مۇقىملىقىنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، ئۇ 5G خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىنى تاۋارلاشتۇرۇپ قوللىنىشقا پۇختا تېخنىكا ئاساسى سالدى.

پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ جۇڭخې باشتىن - ئاخىر دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن تەتقىقات يىرىك پىلانىنى يۆنىلىش قىلىپ، بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كەسىپنىڭ ساغلام تەرەققىياتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە مەنبە قىلىپ، تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك يارىتىپ، پەن - تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىجادىيەتكە جەمئىي 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، 100 تۈردىن ئارتۇق يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ياساش، ئايلاندۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، شىركەت يۇقىرى ساپلىقتىكى ئاليۇمىن بۇيۇملىرى تېخنىكىسى كەسىپ زەنجىرى ئەۋزەللىكىنى چۆرىدەپ، تېخىمۇ كۆپ قوللىنىش قاتلىمىدا ئىمپورت قىلىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى چۆرىدەپ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بۇلۇت ھېسابلاش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سانائەت ئالاقە تورى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پائال تۆھپە قوشىدۇ» دېدى شىنجاڭ جۇڭخېنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چېن چاڭكې.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇخبىرنىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى شاڭخەي ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، شۈجوۋ - ليەنيۈنگاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى رەسمىي تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ «تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان» يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول تورىدىكى ئەڭ ئۇزۇن توغرا لىنىيە — ليەنيۈنگاڭ - ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلغان.

شۈجوۋ - ليەنيۈنگاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىدا 2017 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان بولۇپ، غەربتە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شۈجوۋ شەھىرىدىن باشلىنىپ، شەرقتە ليەنيۈنگاڭ شەھىرىگە تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 185 كىلومېتىر، لايىھەدىكى سائەتلىك سۈرئىتى 350 كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن لىنىيەدە شۈجوۋ شەرقى، داشۇ جەنۇبى، پىجوۋ شەرقى، شىنيى جەنۇبى، دۇڭخەي ناھىيەسى، ليەنيۈنگاڭدىن ئىبارەت ئالتە يولۇچىلار ۋوگزالى تەسىس قىلىنغان.

شۈجوۋ - ليەنيۈنگاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، شۈجوۋدىن ليەنيۈنگاڭغا بېرىشقا ئەڭ تېز بولغاندا پەقەت 60 مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكىدىن بىر سائەت ۋاقىت تېجىلىدۇ، جياڭسۇنىڭ شىمالىي رايونى، شەندۇڭنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى يولۇچىلارنىڭ شاڭخەي، نەنجىڭ، خاڭجوۋ قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەرگە بارىدىغان تۆمۈريولدا سەپەر قىلىش ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقىرايدۇ.

شۈجوۋ - ليەنيۈنگاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى دۆلىتىمىزنىڭ «تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان» يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول تورىدىكى ليەنيۈنگاڭدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان لىنىيەنىڭ ئەڭ شەرقىي بۆلىكى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قاتناش بۆلىكى. شۈجوۋ - ليەنيۈنگاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى پۈتۈپ پويىز قاتنىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى قاتناش باشلاپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن جېڭجوۋ - شۈجوۋ، جېڭجوۋ - شىئەن، شىئەن - باۋجى - لەنجوۋ، لەنجوۋ - ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3400 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان «يېڭى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» غول لىنىيەسى شەكىللىنىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.